# بۆرە بىلەن لەيلەك

ئاپتورى: ئىزوپ (يۇنان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

狼和鹤/(古希腊)伊索著；阿力木江·阿扎提译．乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.9（2009．6 重印）
（伊索寓言选）
ISBN 978—7—228—08336—7

Ⅰ.狼… Ⅱ.①伊… ②阿… Ⅲ.寓言—作品集—古希腊—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ．I545.74

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 085820 号

责任编辑:艾合买提·伊明
责任校对:塞娜瓦尔·伊不拉音
封面设计:艾克白尔·萨力

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编:830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐昊坤彩印有限公司印刷
787×1092 毫米　32 开本　1.5 印张
2003 年 9 月第 1 版　2009 年 6 月第 4 次印刷
印数:15,001—20,000

定价:2.50 元

# بېخىل

بىر بېخىل ئادەم ئۆي بىساتلىرىنى سېتىپ بىر كاللەك ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇۋاپتۇ ـ دە، ئۇنى تامنىڭ ئۇلىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ ھەمدە كۈندە بىر قېتىم يوقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بە- رىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويۇپتۇ، ئۇ ئادەم ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، پايلاپ تۇرۇپ ئالتۇننى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. ھېلىقى بېخىل ئالتۇننىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرۈپ نالە ـ پەرياد قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قوشنىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: « ئالتۇننى ئۇ يەرگە كۆمۈپ قويسىڭىز تاشتىن نېمە پەرقى، بىر تاشنى ئال- تۇن ئورنىدا ئۇ يەرگە قايتا كۆمۈپ قويسىڭىزلا ئىش پۈتمەسمىدى؟! » دەپتۇ.



# خوراز ۋە گۆھەر

بىر خوراز ئۆزى بىلەن مېكىيانغا ئوزۇقلۇق ئىزدەش ئۈچۈن يەرنى تىلغاپ يۈرۈپ، ئويلىمى-غان يەردىن بىر دانە گۆھەرنى تېپىۋاپتۇ ھەمدە گۆھەرگە مۇنداق دەپتۇ: « سېنى ئادەملەر تېپى-ۋالغان بولسا خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە يەت-كەن بولاتتى، لېكىن مەن ئۈچۈن سەن بىر ئەر-زىمەس نەرسە، دۇنيادىكى بارلىق گۆھەرنى يىغ-سىمۇ، مېنىڭ نەزىرىمدە بىر تال باشاقچى-لىك بولمايدۇ. »



# قارلىغاچ بىلەن قاغا

چىرايلىق قارلىغاچ بىلەن قاپقارا قاغا « قاي-
سىمىزنىڭ پەيلىرى چىرايلىق » دېگەن مەسىلە
ئۈستىدە تالىشىپ قاپتۇ . تالىشىپ بىر يەرگە
بارغاندا ، قاغا خۇلاسىلەپ مۇنداق دەپتۇ : « باھاردا
سېنىڭ پەيلىرىڭ ھەقىقەتەن چىرايلىق كۆرۈ-
نىدۇ . لېكىن ، مەن مۇشۇ پەيلىرىم بىلەن قەھ-
رىتان قىش كۈنلىرىنى ئىسسىققىنا ئۆتكۈزە-
لەيمەن . »



# ئىت ۋە شولا

بىر ئىت ئاغزىدا گۆش چىشلىگىنىچە كۆۋرۈكتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ ھەمدە پەسكە قاراپ، ئۆزىنىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ سۇدىكى ئىت چىشلىۋالغان گۆشنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن يوغان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاغزىدىكى گۆشنى سۇغا تاشلىۋېتىپتۇ ـ دە، ھېلىقى يوغان گۆشنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى پەسكە ئېتىپتۇ. نەتىجىدە، سۇدىكى ھېلىقى شولىمۇ، ئىتنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈپ كەتكەن گۆشمۇ بىراقلا غايىب بوپتۇ.



# كالا ۋە هارۋا ئوقى

بىر قېرى كالا شېغىللىق سەھرا يولىدا ئۈستىگە لىق يۈك بېسىلغان هارۋىنى تارتىپ كېتىۋاتقانىكەن. هارۋىنىڭ ئوقى توختىماي غىچىرلاۋېرىپتۇ. كالا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا:

— بار جاپانى مەن تارتىۋاتسام، سەن نېمىگە زارلايسەن، — دەپتۇ.



# قوي ، ئۆچكە ۋە چوشقا

قوي، ئۆچكە، چوشقا ئۇچى بىر قوتاندا تۇرۇ-
دىكەن. بىر كۈنى، مالچى كىرىپ چوشقىنى
تۇتقانىكەن، چوشقا جېنىنىڭ بارىچە تىرىكى-
شىپتۇ ھەم چىرقىراپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن
كەيپى ئۇچقان قوي بىلەن ئۆچكە: «ئۇ بىزنىمۇ
دائىم تۇتىدۇ، لېكىن بىز ئەزەلدىن چىرقىرى-
مايمىز، بۇ چوشقا بەكلا ئاشۇرۇۋەتتىغۇ!» دې-
يىشىپتۇ. چوشقا تىركىشىۋېتىپ ئۇلارغا مۇڭ-
داق دەپتۇ: «ئۇنىڭ سىلەرنى تۇتۇشى بىلەن مېنى
تۇتۇشى باشقا ـ باشقا ئىش، ئۇ سىلەرنى يۇ-
ڭۇڭلارنى قىرقىش ۋە سۈتۈڭلارنى سېغىۋېلىش
ئۈچۈن تۇتىدۇ، مېنى بولسا جېنىمنى ئېلىش
ئۈچۈن تۇتىدۇ!»



# بۆرە بىلەن لەيلەك

گېلىغا بىر تال سۆڭەك تۇرۇپ قالغان بۆرە لەيلەككە: «ئۇزۇن تۇمشۇقۇڭ بىلەن گېلىمدىكى سۆڭەكنى چىقىرىۋەتسەڭ، ساڭا يۇقىرى ھەق بېرىمەن» دەپتۇ. لەيلەك سۆڭەكنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، بۆرىدىن ھەق تەلەپ قىلىپتىكەن، بۆرە سوغۇققىنا ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— ئىشىڭنى قىل! بېشىڭنىڭ ئاغزىمدىن ساق چىققىنىنىڭ ئۆزىلا ئەڭ يۇقىرى ھەق، — دەپتۇ.





# شەمشاد بىلەن تىكەن

شەمشاد يېنىدىكى تىكەننى ياراتماي:

— سېنى ھېچنېمىگە ئىشلەتكىلى بولماي-دىكەن، مەن بولسام ئۆي - ئىمارەت ۋە ھەر خىل نەرسىلەرنى ياساشتا تازا ئەسقاتىمەن، — دەپتۇ.

تىكەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى پىسەنتىمگە ئالماي:

— ۋاي بىچارە شەمشاد، سەن پالتا بىلەن ھەرىنىڭ ئازابىنى تارتقان چېغىڭدا «ئىسىت، تىكەن بولۇپ قالسامچۇ» دېمەي قالمايسەن، — دەپتۇ.



# چاشقان بىلەن بۇقا

چاشقان بۇقىنى قاتتىق چىشلىۋاپتۇ. غەزەپلەنگەن بۇقا ئۇنىڭدىن ھېساب ئالماقچى بولغانىكەن، چاشقان بىر كامارغا قېچىپ كىرىۋاپتۇ. بۇقا مۈڭگۈزى بىلەن كامارنى كولاۋېرىپ ھېرىپ كېتىپتۇ ـ دە، جايىدىلا يېتىپ ئارام ئاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا چاشقان چىقىپ ئۇنى يەنە بىر قېتىم چىشلىۋاپتۇ ھەمدە يەنە ھېلىقى كامارغا كىرىۋاپتۇ. بۇقا ئاغرىققا چىدىماي مۆرەپ كېتىپتۇيۇ، چاشقانغا ھېچقانداق ئامال قىلالماپتۇ. كامارنىڭ ئىچىدىكى چاشقان ئۇنىڭغا: «بىلىپ قوي، كۈچ بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، بەزى چاغلاردا ئاجىزلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس كارامىتى بولىدۇ» دەپتۇ.





# ئوۋ ئىتى بىلەن ئۆي ئىتى

بىر ئادەم ئىككى ئىت بېقىپ، بىرىنى ئوۋچىلىققا ساپتۇ، يەنە بىرىنى ئۆي ساقلاشقا قويۇپتۇ. ئوۋچى ھەر قېتىم نېمە ئوۋلاپ كەلسە، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئۆيگە قارايدىغان ئىتقا بۆلۈپ بېرىدىكەن، ئوۋ ئىتىغا بولسا ئازراقلا بېرىپ قويىدىكەن. بۇنىڭغا قورسىقى كۆپكەن ئوۋ ئىتى ئۆي ئىتىنى ئەيىبلەپ:

—مەن ھەر قېتىم ئوۋغا چىقىپ ھازىرغىچە جاپا چېكىۋاتىمەن، سەن بولساڭ ئۆيدە بىكار يېتىپ ھوزۇر سۈرۈۋاتىسەن، بۇ ئادىللىق بولمىدى! — دەپتۇ. ئۆي ئىتى قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ تۇرۇپ:

—مېنى ئەيىبلىگۈچە بېرىپ خوجايىنىنى ئەيىبلە! بۇلارنىڭ ھەممىسىگە شۇ سەۋەبچى، — دەپتۇ.



# توز بىلەن تۇرنا

توز تۇرنىنىڭ پەيلىرىنى ياراتماي:

— مېنىڭ پەيلىرىم ئالتۇن بېزەكلەردەك كۆزنى قاماشتۇرىدۇ، سېنىڭ پەيلىرىڭ بولسا بەك كۆرۈمسىزكەن، — دەپتۇ.

تۇرنا:

— قېنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى، مەن ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ناخشا ئېيتالايمەن، سەن بولساڭ توخۇغا ئوخشاش يەردە ئۆمىلەپ يۈرسەنغۇ! — دەپتۇ.



# پاشا بىلەن بۇقا

پاشا بۇقىنىڭ مۈڭگۈزىگە قونۇۋېلىپ ئۇزاق-قىچە قوزغالماپتۇ. بىر چاغدا ئۇ ئۇچۇپ كەتمەكچى بولۇپ، بۇقىدىن:

— مەن كېتەيمۇ، كەتمەيمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇقا ئېرەنسىز هالدا ئۇنىڭغا:

— مەن سېنىڭ كەلگىنىڭنى تۇيمىغان تۇرسام، كەتسەڭ-كەتمىسەڭ مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.



# ئەتىرگۈل ۋە تۇزۇماس گۈل

ئەتىرگۈل بىلەن تۇزۇماس گۈل ناھايىتى ئىناق قوشنىلاردىن ئىكەن. تۇزۇماس گۈل بىر كۈنى ئەتىرگۈلگە:

— سېنىڭ گۈزەل تۇرقۇڭغا بەكمۇ زوقۇم كېلىدۇ، سەن تەڭرىنىڭ ئەتىۋارلىق گۈلى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى، — دېگەنىكەن، ئەتىرگۈل جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ گۈزەللىكىم چەكلىك، بىرلا تۇزۇسام يوق بولىمەن، لېكىن سەن مەڭگۈ تۇزۇماي ياشىرىپ تۇرىسەن، شۇڭا ھەممىنىڭ زوقىنى تارتىشقا تېگىشلىكى ئەسلى سەن!



# يولۇچىلار بىلەن تۇخۇمەك دەرىخى

تونۇردەك قىزىق تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىر چۈشلۈكى ئىككى يولۇچى بىر تۈپ تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپ سەگىدەپ يېتىپتۇ. ئۇلاردىن بىرى يەنە بىرىگە:

— تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق ئىكەن جۇمۇ، ئۇ يا مېۋە بەرمەيدۇ، يا بىر نەرسە ياساشقا يارىمايدۇ، — دەپتىكەن، تۇخۇمەك دەرىخى ئاچچىقلانغان ھالدا:

— سىلەر بەكمۇ ۋاپاسىزكەنسىلەر، مېنىڭ سايەمدە سەگىدەپ تۇرۇپ يەنە مېنى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىكەن دەۋاتىسىلەرغۇ! — دەپتۇ.



# زەيتۇن دەرىخى بىلەن ئەنجۈر دەرىخى

زەيتۇن دەرىخى ئەنجۈر دەرىخىنى مازاق قىلىپ:

— مەن تۆت پەسىل ئۇدا ياپيېشىل كۆكىرىپ تۇرىمەن، سېنىڭ بولسا مەلۇم پەسىلگە يەتكەندە يوپۇرماقلىرىڭ خازان بولۇپ تۆكۈلۈپ كېتىدىكەن، — دەپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي لەپىلدەپ قار يېغىشقا باشلاپتۇ، زەيتۇن دەرىخىنىڭ باراقسان شاخلىرى قار بىلەن چۈمكىلىپ ئېغىرلىشىۋەرگەچكە سۇنۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ گۈزەل تۇرقىمۇ شۇنىڭ بىلەن يوق بوپتۇ. ئەنجۈر دەرىخىنىڭ شاخلىرى شالاڭ بولغاچقا، قاردا ھېچنېمە بولماي مەزمۇت تۇرىۋېرىپتۇ.



# ئوتۇنچى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى

ئوتۇنچى ئوغلىنى ئۆزى بىلەن بىللە تاغقا ئوتۇن كېسىپ كېلىشكە چاقىرىپتۇ. لېكىن، ئوغلى كىتاب ئوقۇيدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۇنىماپتۇ ھەمدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا كىتاب ئوقۇشنىڭ خاسىيىتى توغرۇلۇق سۆزلەپ كېتىپتۇ. ئوتۇنچى:

— كىتاب ئوقۇش ھەقىقەتەن پايدىلىق، لېكىن، جان بېقىش ئۇنىڭدىن مۇھىم. كىتاب بىلەن قورسىقىڭنى تويغۇزالىساڭ، ئوتۇن كېسىشكە بارمىساڭمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ.



# گۈزەللىك ۋە شۆھرەتپەرەسلىك

چىرايلىق بىر دېھقان قىزى پۇلدار بىر ئەرگە ياتلىق بولۇپ، ئېسىلزادە خېنىم بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىكەن. كېيىن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلىنىپتۇ. بىراق، بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قېرىپ بۇرۇنقى جەزبە-دارلىقىنى يوقىتىپتۇ. ئېرىنىڭ ئۇنىڭدىن بارا - بارا كۆڭلى قېلىپ، بىر تاغار پۇل بىلەن ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شۆھرەتپەرەس بۇ دېھقان قىزى ئەنە شۇنداق داغدا قاپتۇ.







# تۈلكە بىلەن يىلپىز

تۈلكە بىلەن يىلپىز گۈزەللىك تالىشىپ قاپتۇ. يىلپىز ئۆزىنىڭ بەدىنىدىكى ئالىچىپار نەقىشلەرنى كۆز ـ كۆز قىلىپ راسا ماختانغانىكەن، تۈلكىمۇ بوش كەلمەي:

— مېنىڭ گۈزەللىكىم سىرتىمدا ئەمەس، بەلكى قەلبىمدە، شۇڭا گۈزەللىكتە مەن سەندىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىمەن، — دەپتۇ.



# تۈلكە ۋە نىقاب

تۈلكە بىر ئارتىسنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرىپ، ھەممە يەرنى قويماي ئاختۇرۇپ چىقىپتۇ ھەمدە ئادەمنىڭ بېشىغا ناھايىتى ئوخشايدىغان بىر نىقابنى تېپىۋاپتۇ، ئاندىن كۈلكىسى كېلىپ:

— ئوھوي، نېمىدېگەن چىرايلىق كاللا بۇ! شۇغىنىسى، مېڭىسى يوقكەن ـ دە، — دەپتۇ.







# بېلىقچى بىلەن بېلىقجان

بېلىقچى دەرياغا تور تاشلاپ، ئاران دېگەندە بىر تال بېلىقجاننى تۇتۇۋاپتۇ. بېلىقجان ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:

— مەن تېخى كىچىك، ھېچقانچە پۇلغا يارىمايمەن، شۇڭا ھازىرچە مېنى قويۇۋېتىڭ، مەن چوڭايغاندا تۇتسىڭىز، سىزگە تېخىمۇ كۆپ پايدام تېگىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

بېلىقچى ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— گېپىڭىز خېلى ئورۇنلۇق، ئەمما مەن كۆز ئالدىمدىكى مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ، سېنىڭ قۇرۇق گېپىڭگە ئىشىنىپ ئولتۇرسام، ئۇچىغا چىققان ئەخمەق بولۇپ قالمامدىمەن، — دەپتۇ.



# ئېشەك بىلەن تومۇزغا

تومۇزغىنىڭ چىرىلدىشىغا زوقى كەلگەن ئېشەك ئۇنىڭدىن:

— سىلەر نېمە يەپ مۇشۇنداق يېقىملىق ئاۋاز چىقىرالايسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. تومۇزغا:

— شەبنەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېشەك شەبنەمنى كۈتە - كۈتە، ئاخىر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ.



# قاغا بىلەن ئاق قۇ

قاغا ئاق قۇنىڭ چىرايلىق پەيلىرىگە بەكمۇ
هەۋەس قىلىدىكەن. ئۇ: « ئاق قۇ كۈن بويى سۇدا
ئۈيان ـ بۇيان ئۈزۈپ يۈرگەچكە، پەيلىرى شۇن-
داق ئاقىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن » دەپ
ئويلاپتۇ ـ دە، ئۆزى ئۈزۈندىن بۇيان ياشاپ كې-
لىۋاتقان ماكانىدىن ئايرىلىپ، كۆلنىڭ بويىغا
ماكانلىشىپتۇ. ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە پەيلى-
رىنى يۇيۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قىلچە
ئاقارماپتۇ. كۆل بويىدا ئۇ يەيدىغان ئوزۇقلۇق
بولمىغاچقا، ئاخىر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ.



# ياۋا چوشقا بىلەن تۈلكە

ياۋا چوشقا چىشىنى دەرەخكە سۈركەپ بىلىگىلى تۇرغانىكەن، بۇنى كۆرگەن تۈلكە:

— ھازىر بۇ يەردە ئوۋچى ياكى ئوۋ ئىتى بولمىسا، چىشىڭنى بىلەپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ياۋا چوشقا جاۋابەن:

— بۇنداق قىلىشىمدا سەۋەب بار، چىشىمنى ھازىر بىلەپ قويسام، كېيىن خەتەر يۈز بېرىپ قالسىمۇ قورقۇپ كەتمەيمەن، — دەپتۇ.





# مايمۇن بىلەن بېلىقچى

ئېگىز دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان بىر مايمۇن بېلىقچىلارنىڭ دەرياغا تور تاشلىغانلىقىغا قىزىقىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. بىرئازدىن كېيىن، بېلىقچىلار تورنى دەريا بويىغا تاشلاپ قويۇپ تاماققا كېتىپتۇ. مايمۇن دەرەختىن چۈشۈپ، تورنى ئاپتۇ ـ دە، بېلىقچىلارنىڭ تور تاشلىغان ھەرىكىتىنى دوراشقا باشلاپتۇ. نەتىجىدە، ئۆزى تورغا يۆگىلىپ قېلىپ سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ جان تالاشقىنىچە: « تورنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلمەي تۇرۇپ، بېلىق تۇتىمەن دېگەندىكىن ئۆزۈمگىمۇ ئاز! » دەپ نالە قىپتۇ.





# مايمۇن ۋە ئۇنىڭ ئىككى بالىسى

مايمۇننىڭ ئىككى بالىسى بار بولۇپ، بىرىنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ باقىدىكەن، يەنە بىرى بىلەن بولسا كارى يوق ئىكەن. لېكىن، بىر كۈنى، ئۇنىڭ ھېلىقى ئەتىۋارلىق بالىسىغا ئامراقلىقى تۇتۇپ كېتىپ چىڭ قۇچاقلىۋالغانىكەن، بالىسى دىمىقىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. يەنە بىر بالىسى بولسا تەبىئەت قوينىدا ئەركىن ـ ئازادە ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ.



# باي بىلەن كۆنچى

كۆنچى بىلەن قوشنا بولۇپ قالغان بىر باي تېرىنىڭ سېسىق پۇرىقىغا چىدىيالماي، كۆنچىنى كۆچۈپ كېتىشكە دەۋەت قىپتۇ. كۆنچى ئاغزىدا « ھە » دەپ قويۇپ، يەنە ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھېلىقى باي تېرىنىڭ پۇرىقىغا كۆنۈپ قاپتۇ ـ دە، كۆنچىنى كۆچۈپ كېتىشكە قايتا زورلىماپتۇ.



# قاغا بىلەن قۇزغۇن

كىشىلەر قۇزغۇننىڭ پەيدا بولۇش - بولماسلىقىغا قاراپ ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەقدىر - قىسمىتىگە ھۆكۈم چىقارغاچقا ، قاغا قۇزغۇنغا ئىچ - ئىچىدىن ھەسەت قىلىدىكەن . بىر كۈنى ، قاغا دەرەخكە قونۇۋېلىپ ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلارغا قارىغىنىچە توختىماي قاقىلداپتۇ. يولۇچىلار ئۇنىڭغا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قاپتۇ . كېيىن ، ئۇلاردىن بىرى مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن ، يولىمىزغا مېڭىۋېرەيلى! چۈنكى ، قاغىنىڭ قاقىلدىشى ھېچنېمىنىڭ بېشارىتى ئەمەس.



# بۇلبۇل بىلەن شەپەرەڭ

قەپەستىكى بۇلبۇل ھەر كۈنى گۈگۈم چۈشكەندىلا سايراشقا باشلايدىكەن. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن شەپەرەڭ:

— نېمىشقا كۈندۈزى سايرىماي كەچتىلا سايرايسەن؟ — دەپ سورىغانىكەن، بۇلبۇل:

— بۇرۇن مەن كۈندۈزى سايرىغاچقا مۇشۇ قەپەسكە سولىنىپ قالدىم، شۇڭا ھازىر ئېھتىيات قىلىپ كېچىسى سايرايدىغان بولدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شەپەرەڭ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇرۇنلا ئېھتىيات قىلغان بولساڭ، بۈگۈنكىدەك قەپەسكە سولىنىپ قالماسكەنسەن. ئەمدى ئېھتىيات قىلغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى.



# قاغا بىلەن ئاق كەپتەر

ئاچ كۆز قاغا ئۆزىنى ئاق رەڭدە بوياپ، كەپتەرلەرنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىۋاپتۇ - دە، قورسىقىنى خالىغانچە تويغۇزۇپتۇ. كەپتەرلەر ئۇنىڭ قاغا ئىكەنلىكىنى سېزەلمىگەچكە، ئۇنىڭ ئۆز ئۇۋىلىرىغا كىرىپ - چىقىشىنى چەكلىمەپتۇ. بىراق، بىر كۈنى ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي قاقىلداپ ساپتۇ، كەپتەرلەر ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى تونۇپ قېلىپ، ئۇۋىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. قاغا ئۆز توپىغا قايتىپ كەلگەنىكەن، ھەمراھلىرى ئۇنى تونۇيالماي، ئارىسىغا ئالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىچارە قاغا يېتىم قاپتۇ.



# تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ بەسلىشىشى

توشقان تاشپاقىنىڭ مېڭىشىنى زاڭلىق قىلغانىكەن، تاشپاقا كۈلۈپ تۇرۇپ: «سەن شامالدەك تېز يۈگۈرگىنىڭ بىلەن، ئەگەر مۇسابىقىلىشىپ قالساق ماڭا ئۇتتۇرۇۋېتىسەن» دەپتۇ. توشقان ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىش نىيىتىگە كەپتۇ، ئىككىسى مۇسابىقىلىشىدىغان يول ۋە ئارىلىقنى بەلگىلىۋالغاندىن كېيىن، تەڭلا يولغا چىقىپتۇ. ئۆزىنىڭ يۈگۈرۈكلۈكىگە ئىشىنىپ كەتكەن توشقان بىرئاز يۈگۈرگەندىن كېيىنلا يول بويىدا ئۇخلاپ قاپتۇ. تاشپاقا بولسا يول بويى ئارام ئالماي ئالغا ئىلگىرىلەۋېرىپتۇ. توشقان بىر چاغدا ئويغىنىپ، تاشپاقىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئاخىرقى پەللىگە بېرىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.



# پوچى يولۇچى

چەت ئەلنى ساياھەت قىلىپ كەلگەن بىر ئادەم ئۇچرىغانلا كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ چەت ئەللەردە ئاجايىپ كاتتا ئىشلارنى قىلىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەمدە ئۇلارنى تېخىمۇ ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن:

— مەن ئۇ يەردە يىراققا سەكرەش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ چېمپىيون بولدۇم. ئىشەنمىسەڭلار، بېرىپ سوراپ بېقىڭلار، — دەپتۇ.

كىشىلەردىن بىرى:

—بېرىپ سورىمىساقمۇ، سەن مۇشۇ يەردىلا ئۆز ماھارىتىڭنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ بەرسەڭ بولمامدىمۇ؟ — دەپتۇ.



# بۇركۇت ، لەگلەك ۋە كەپتەر

كەپتەرلەر ئاسماندا لەيلەپ يۇرگەن ھەر خىل رەڭلىك لەگلەكلەرنى كۆرۇپ، قورقىنىدىن ئۇچۇشقا جۇرئەت قىلالماپتۇ ھەمدە بۇركۇتنى ئۆزلىرىگە قوغدىغۇچى بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. بىراق، بۇركۇت كەپتەرلەرنىڭ ئۇۋىسىغا كىرگەندىن كېيىن، ئويلىمىغان ئاقىۋەت يۇز بېرىپتۇ. قىسقىغىنا بىر كۇن ئىچىدىلا ئۇ نۇرغۇن كەپتەرلەرنى چىشلەپ ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ. كەپتەرلەر نېمىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا چۇشىنىپ يېتىپتۇ.

تۇرۇپ مەسەللىرى







# كاۋچوك دەرىخى بىلەن قومۇش

قارا بوران كاۋچوك دەرىخىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپتۇ. ئۇ دەرەخ يېنىدىكى قومۇشنىڭ ساپساق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەجەبلەنگەن هالدا:

— هېچ چۈشەنمىدىم، مەن مۇشۇنچىۋالا بەستىم بىلەن بوراندا يىقىلىپ چۈشتۈمىيۇ، سىلەر شۇنچە ئاجىز تۇرۇپمۇ هېچنېمە بولماپسىلەرغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قومۇش جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

— بوران چىققاندا بىز ئۇنىڭغا قەددىمىزنى ئېگىپ يول بېرىمىز، شۇڭا ئۇنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىمايمىز؛ سىلەر ئۆز كۈچۈڭلارغا ئىشىنىپ غادىيىۋالىسىلەر ـ دە، بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچرايسىلەر.



# مىسكەر ۋە ئۇنىڭ ئىتى

مىسكەرنىڭ بىر ئامراق ئىتى بار ئىكەن، مىسكەر ئىش قىلىۋاتقاندا ئىتى ئۇنىڭ يېنىدا ئۇخلايدىكەن، مىسكەر تاماققا ئولتۇرغاندا بولسا، ئىت ئۇيقۇسىنى ئاچىدىكەن ـ دە، خوجايىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ خۇشامەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى، مىسكەر يالغاندىن غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئىشلىگەندە سەن ئۇخلايسەن، تاماققا ئولتۇرساملا يېنىمدا پەيدا بولىسەن، بۇنداق تىرىكتاپلىك قىلساڭ بولمايدۇ جۇمۇ!





# قاغا بىلەن تۈلكە

قورسىقى ئېچىپ كەتكەن قاغا بىر تۇپ ئەنجۈر دەرىخىگە قونۇپتۇ ھەمدە ئەنجۈرلەرنىڭ تېخى پىشمىغىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ پىشىشىنى ساقلاپ تۇرماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ تۇرغان بىر تۈلكە مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ئۆز - ئۆزۈڭنى ئالدىغىنىڭ ئەمەسمۇ؟ قۇرۇق خىيال بىلەن ئولتۇرىۋەرسەڭ، ئاقىۋەت نېمىگە ئېرىشەرسەن!





# مۇشۇك ۋە مۇھەببەت ئىلاھى

مۇشۇكنىڭ چىرايلىق بىر يىگىتكە كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ ـ دە، مۇھەببەت ئىلاھىدىن ئۆزىنى ساھىبجامال بىر قىزغا ئۆزگەرتىپ قويۇشنى تىلەپتۇ. مۇھەببەت ئىلاھى ئۇنى تىلىكىگە يەتكۈزۈپتۇ، ھېلىقى يىگىت قىزغا شۇ ھامان ئاشىق بولۇپ، ئۇنى ئەمرىگە ئاپتۇ. توي كېچىسى، مۇھەببەت ئىلاھى مۇشۇكنىڭ خۇي ـ پەيلىنىڭمۇ ئۆزگەرگەن ـ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۆي ئىچىگە بىر چاشقاننى كىرگۈزۈپتۇ. مۇشۇك ئۆزىنىڭ ھازىرقى سالاھىيىتىنى ئۇنتۇغان ھالدا چاشقانغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپتۇ. قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن مۇھەببەت ئىلاھى ئۇنى يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.



# ئاق قۇ بىلەن قاغا

دەرەخكە قونۇۋالغان قاغا ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاق قۇغا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇرادەر، مۇشۇنداق توختىماي ئۇچىۋەرسەڭ هارمامسەن؟

ئاق قۇ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇلۇغۋار نىشاننى كۆڭلىگە پۈككەنلەر ئۈچۈن بۇ هېچ گەپ ئەمەس. مەن ئەزەلدىن هېرىپ باقمىدىم، قاناتلىرىممۇ سېنىڭكىدىن چوڭ هەم كەڭ.



## قاغا بىلەن ياۋا ئۆت

قاغا يەرگە قونۇپ، ياۋا ئۆتقا:

— مەن ئۆتمۈشۈمنى ئۇنتۇپ، تۇرمۇش ئۇسۇلۇمنى يېڭىلىماقچى، بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭلا ئوزۇقلۇق قىلسام، قانداق دەيسەن؟ — دېگەنىكەن، ياۋا ئۆت قارشىلىق بىلدۈرمەي:

— شۇنداق ئىرادەڭ بولسىلا مېنىڭ باشقىچە پىكرىم يوق، — دەپتۇ. قاغا بىرنەچچە كۈن ئۆت - چۆپ يەپ بېقىپ چىدىيالماي قاپتۇ - دە، غىپپىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.



# توشقان بىلەن شىر

ئورماندا ياشايدىغان بىر توپ توشقان شىرنىڭ زۇلمىغا چىدىماي، ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلماقچى بوپتۇ ھەمدە تولۇق قورالىنىپ، ھەيۋەت بىلەن ئاتلىنىپتۇ. بىر چاغدا تۇيۇقسىز بوران چىقىپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى يەرگە تۆكۈلگىلى تۇرۇپتۇ. توشقانلار بۇنى شىرنىڭ غەزەپ بىلەن ھۆركىرىگىنىدىن بولغان ھادىسە دەپ چۈشىنىپ قورقۇپ كېتىپتۇ ـ دە، بەدەر تىكىۋېتىپتۇ ھەمدە شىرغا ئىككىنچىلەپ قارشى چىقىشقا پېتىنالماپتۇ.



# دېھقان بىلەن زىۋس

كۆزدە ھوسۇل يىغقىلى چىققان دېھقان ئې-
تىزدىكى تۇرۇپلارنى پاكپاكىز يۇلۇپ بولۇپ،
يەنە كۆڭلى قىيمىغان ھالدا ئۇ يەر - بۇ يەرنى
كولىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان زىۋس
مۇنداق دەپ خىتاب قىپتۇ:

— نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن، تۇرۇپ
تەرگەن ئېتىزدىن ئالتۇن ئۈنۈپ قالارمىكىن دەۋا-
تامسەن؟





# پاقا بىلەن تاش

پاقا ئەجەبلەنگەن هالدا قىرغاقتىكى تاشتىن سوراپتۇ:

— بۇرادەر، هەر ئىككىلىمىز كۆلدە سۇغا چىلىشىپ تۇرىمىز، مەن بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتىمەن، لېكىن سەن هېچنېمە بولمىدىڭ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

تاش مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇ ناهايىتى ئاددىي، چۈنكى مەن قۇرۇق گەپ ساتماي، جىمجىت ياشايمەن.



# قېچىر

ئارپىنى يەۋېرىپ سەمرىپ كەتكەن قېچىر جايىدا جىم تۇرالماي چىچاڭلاپ سەكرىگىلى تۇ-رۇپتۇ ھەمدە ئۆز - ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ:

—مېنىڭ چەبدەسلىكىمدىن قارىغاندا، ئاتام چوقۇم بىر ئۇچقۇر ئات بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ. ئەتىسى ئۇ يىراق بىر جايغا يۈك توشۇپ مېڭىپتۇ ھەمدە ھېرىپ جېنى چىقاي دېگەندە، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىگە «ئاتامغۇ ئەسلىدە بىر قېچىر ئىدى» دەپتۇ.







# موللا تاپقاق

بىر پالچى بار بولۇپ، ئۆزىنى موللا تاپقاق دەپ ئاتايدىكەن. بىر كۈنى، بىر ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئۆيىڭىزگە ئوغرى كىرىپتۇ، ئىشىكىڭىز ھاڭگىرقاي ئوچۇق تۇرىدۇ، ئۆيىڭىزدە ھېچنېمە قالماپتۇ، — دېگەنىكەن، موللا تاپقاق ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. قوشنىسى ئۇنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەن تۇرقىنى كۆرۈپ، پىخىلداپ كۈلگەن ھالدا:

— ھەي موللا تاپقاق، سەن باشقىلارنىڭ تەقدىرىگە پال ئاچالايتتىڭغۇ؟ ئەجەبا ئۆزۈڭگە پال ئېچىپ باقمىغانمىدىڭ؟ — دەپتۇ.







# سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالا

بىر بالا سۇدا ئويناۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىق-تىن قايىنامغا كىرىپ كېتىپتۇ ھەمدە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمگە قاراپ: «قۇتقۇ-زۇڭلار» دەپ ۋارقىراپتۇ. بىراق، ھېلىقى ئادەم ئۇنى دەرھال قۇتقۇزۇۋالماستىن، بەلكى قىرغاقتا تۇرۇپ:

— نېمىشقا ئېھتىيات قىلمايسەن؟ — دەپ بالىنى ئەيىبلەپ كېتىپتۇ. بالا ھۆمۈدەپ تۇرۇپ:

— ئەپەندى، ئاۋۋال مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، ئاندىن تىللىسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز! — دەپتۇ.





# توشقان بىلەن شىر

ھايۋانلار قۇرۇلتىيىدا، توشقان سەھنىگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەپتۇ ھەمدە «ھايۋانلار باراۋەر بولۇشى كېرەك» دېگەننى كۈچەپ تەشەببۇس قىپتۇ. پەستە ئولتۇرغان شىر ئۈنىگغا:

— گېپىڭغۇ ئورۇنلۇق، لېكىن سەندە ئاۋۋال مېنىڭكىدەك ئۆتكۈر چىش ۋە تىرناق بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ.







بۇ كىتاب شېنياڭ نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىلى 6 ـ ئاي
1 ـ نەشرى، 2001 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ
تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据沈阳出版社 2000 年 6 月第 1 版 2001 年 3 月第 2 次印刷本选译出版

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# بۆرە بىلەن لەيلەك

ئاپتورى: ئىزوپ (يۇنان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى خاۋكۇن رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 1.5
2003 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 6 ـ ئاي 4 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 15,001—20,000
ISBN 978—7—228—08336—7
باھاسى: 2.50 يۈەن